# مىيقاتتىن ئۆتۈپ كېتىپ ئېھرامغا كىرگەن كىشى توغرىسىدا

## حكم من أحرم بعد تجاوز الميقات

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

113877- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن بۇ يىل ئايالىم بىلەن ھەجگە بارغان ئىدىم، بىز ئەبۇ زەبىدىن جىددىگە قاراپ ئۇچقان، ئايروپىلان باشقۇرغۇچى مۇسۇلمان ئەمەسكەن، ئۇ بىزگە 45 مىنۇتتىن كېيىن ئېھرام كىيىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئورۇننىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئەمما بۇ ۋاقىت توشقاندىن كېيىن مېيقاتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەنلىك توغرىسىدا خەۋەر قىلمىدى. بىز ئايروپىلاندىكى كىشىلەرنىڭ تەلبىيە ئېيتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئېھرامغا كىردۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە قان (جازا) كېلەمدۇ كەلمەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىلەر مېيقاتتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامغا كىرگەن بولساڭلار، سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر قوي ۋە ئايالىڭىز ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرۈپ، مەككىدىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىشىڭىز ۋاجىپ بولىدۇ.

"پىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى" 22-توم 140-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: بەلگىلەنگەن ئورۇندىن (يەنى مېيقاتتىن) ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن كىشى مۇمكىن بولسا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قايتىپ ئېھرام كىيىپ كەلسە ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئېھرام كىيىشكە بۇيرۇلغان جايدىن ئېھرام كىيىپ كەلدى. ئەمما مالىكىي ۋە ھەنبەلى مەزھەب ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا، بەلگىلەنگەن ئورۇندىن (يەنى مېيقاتتىن) ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن كىشى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قايتىپ بېرىپ ئېھرام كىيىپ كەلسۇن ياكى ئۆز ئورنىدىن ئېھرام كىيسۇن ئۇ كىشىگە ئوخشاشلا قان(جازا) ۋاجىپ بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: ھەج-ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مېيقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ: "ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن كىشىنىڭ مېيقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كېتىشى توغرا بولمايدۇ، ئەگەر مېيقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئارقىسىغا يېنىپ بېرىپ مېيقاتتىن ئېھرام كىيىپ كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن ئورۇندىن ياكى مەككىگە يېقىن جايدىن ئېھرام

كىيىسە، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ئۇ كىشىگە قان قىلىش (جازاسى) كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئېھرام كىيىشتىن ئىبارەت بولغان ۋاجىپ ئىشنى تەرك قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى مەككىدە بىر قوي ئۆلتۈرۈپ شۇ يەردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ،" دېگەن. ["شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى" 17 ـتوم 9ـبەت].

بىر كىشى شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىيىن رەھىمەھۇللاھدىن: مەن ئۆمرە قىلىش مەقسىتىدە رىيادتىن ئايروپىلان بىلەن جىددىغا كەلدىم، يولدا ئايروپىلان باشقۇرغۇچى يەنە 25 مىنۇتتىن كېيىن مىيقاتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، مەن دىققەت قىلماستىن ئولتۇرۇپتىمەن، ئايروپىلان مىيقاتنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ بەش مىنۇتتىن كېيىن ئېھرام كىيدىم، شۇنداق قىلىپ ئۆمرە پائالىيىتىنى ئادا قىلدىم، بۇ توغرىمۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "بۇ مەسىلىگە بېرىلىدىغان ھۆكۈم ئۆلىمالار بايان قىلغاندەك، مىيقاتتىن ئۆتۈپ بولۇپ ئېھرام كىيگەنلىك ئۈچۈن بۇ كىشى بىر قوي ئۆلتۈرۈپ مەككىدىكى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، ئەگەر قوي سېتىۋالغىدەك ئىقتىسادى بولمىسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، لېكىن مېنىڭ قېرىنداشلارغا قىلىدىغان نەسىھىتىم: ئايروپىلان باشقۇرغۇچى 25 مىنۇت ياكى 20 مىنۇتتىن كېيىن مىيقاتنىڭ باراۋىرىگە يېتىپ كېلىمىز دەپ ئېلان قىلىدىكەن شۇ ۋاقىتتا ئېھرام كىيىش كېرەك، چۈنكى بەزى كىشىلەر ئېلان قىلغاندا ئۇخلاپ ھېچ نەرسىنى تۇيمايدۇ، جىددە ئايدۇرۇمغا ئاز قالغاندا مىيقاتتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، سىز مىيقاتقا كېلىشتىن بىر سائەت ياكى ئىككى سائەت ياكى بەش-ئون مىنۇت بۇرۇن ئېھرام كىيسىڭىز ھېچ گەپ يوق، دىققەت قىلىش زۆرۈر بولغان ئىش، مىيقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىبارەتتۇر. بەش مىنۇت ۋاقىتتا ئايروپىلان نۇرغۇن مۇساپىنى بېسىپ بولىدۇ، سۇئال سورىغان قېرىندىشىمىزغا دەيمەنكى، سىز مەككىگە بېرىپ مىيقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن بىردىن قوي ئۆلتۈرۈپ مەككىدىكى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بىرىڭ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭلار. ئايروپىلان باشقۇرغۇچى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مىيقاتنىڭ باراۋىرىگە كېلىمىز دەپ ئېلان قىلغاندا، ئېھرام كىيىۋالساڭلار ياخشى، بۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوق." ["ئايلىق ئۇچرىشىش" 56ـنومۇر 4ـنومۇرلۇق سوئال].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com